عرق نظرىيە سىگە يىقىنلىشىدىكى ، اوز
مىللتىنى باشقا مىللەتلەردىن اوستىرن كو
رودو . اولا نھايتى اوزاق تارىخقا ايگە
قابىليەتلىك آدەملەر بزدەپ دەعوا قليدور .
ليكن اوزلىرىنىڭ چىرىب كىتەب بارغاز ـ
ليقىغا قاربەاى گىتلەرچىلەرنىڭ برقسەـا
ميجەزلرىنى اوزلرىگە اوزلەشتوروب آلغان ،
مەسـلەن : ماخنازچاقلاق ، خەلقچىلەشكەنلەرگە
ھجوم قليش ، خلقنى زامان مدنىيتىدىن
چەتلەشتوروش ، خەلققە قاتتق ظلوم قلش ،
توھمەت قلش ، غالجىر لانغان متعصىبلەرنى
كوچكوتوب خلقنى تالاش ، تىررولوق وە
باشباشتقلققا اوخشىغان حركتلر بـلەن
خدلقنى قورقوتوب ، شرطسز خطـاى
استبدادحكمرانلىغىنى قبول قلدوروشـنى
مقصد قليدو .

«...دونياخەلقىنىڭ ئەڭ اشەددى دوشمە
نى بولغان فاشىزم- قولى يەتكەنلا جاي-
لاردا چوڭ وە كىچىك اغوالار تەشكىل
قلىب ، سەل هورلىك وە اركنلىك طراف
دارلرى بولغان آدەملەرنى يوقوتوش چا
رەسىگە كرىشتى . براق گىملىر براونىڭ
اويىگە اوشوق ، نەشە تاشلاب قويەاس اي
دى . اوگسىتا پودا نهايتى اوستولوق بلەن
اشلەنگەن هەرخل حجتلرنى تيارلاب شو
حجتلارى فاشىسىتلارغا قارشى بولغوچىلار
نىڭ ساندوقلرىغا سلينىب قويولوب شونوڭ
بلەن توتار ايدى . حاضرقى بزنىڭ گىملر
آنداق آورەبولوب يورىشنى خليە اسمدين اونوڭ
اوصولىنى عالى دەرەجيدەتە كميل اتكان بولدى .

بزنىڭ گىملير يالغوز گىرمانيە
پاشسيت اوصوليدىنلا تعليم ايليشنى تاقو
لاى كوروب ، او ، اسپانيە « فەمىنكەسى »
آميريكا « كوكوس كلان » وەقدىيمكى
زامان خطاى ايمپراتورى چين شوخو
آندى لەرنىڭ اوصوللرىنىڭ هەممەسىنىڭ
يىغندىسىنى ايليشنى لايق تاپدى . »

( اخمدجان قاسيمى )

دىمەك بزگە خوجاين بولوشنى خالىي
غان ماختانچاق مللەتچىلەرمو اوزقلميشلرى
بويىچە عرق نظرىيە زەهيرى بان غلجبر
لانغان گىتابر چيلەرگە بەكمو اوخشاپ
كيتبدور .

امانى اسيل مللەت طرفيدين : «عاد
دى آدەملەر ياكى پەس مللەت » دەب
آتلىدىغان كشيلەر اولار اويلىغا نچە قول
قووشتورب تورو وە مەيدو .

چونكى ، دونيادا نهايتى كوب سان
نى تەشكيل قلغان «عاددى آدەملەر »عرق
نظرىيەسينىڭ سيسق پوريغيدين سەسكين
نب كەتتى . « عاددى آدەملەر » دەر
قانداق موشكول اشلارنى قلا لايديغانليغ
ينى آللا قاچان سيزيب بولغان . هەتتا
يەر استيديكى ايلانىڭ كوشيگنينيمو توبو
دو . شونوڭ اوچون « اسيل آدەملەر »
نىڭ پەردە آرقيسيدا حاضرلا وانقان داوبو
لرىنى » گورەليدو . هەرقانداق ، حتى
بولوڭ پوشماندىيكى مخفى سرينمو آشكا
ريلا كورو وانيدو .

عرق آيريمىسى آدەملەرنىڭ سبزيمى
وە قابيليتى بلەن هيچ قانداق علاقىدار
امەس .بونى كشيلىك تاريخنىڭ ايقمى
پوتون دونيا خلقى الديدا آشكارە قليب
كورسەتتى . بونى اوز وقتيدە نهايتى
آرقيدا قالغان بر قانچە مللەتلەرنى هەم
اوز قوينيغا آلغان سوويتلەر مەليكيتديكى
خلقنىڭ حياتيدين اوچوق كورگىلى بولىدو .

سەويت خەلقى پوتون عرقلاراوپەو اوخ
شاش ، بەب- برابر ديگەن كوز قاراش
بان سوويت خلقينىڭ غەلبە قزنيشنى
انكر ، خلقىلى بولمايدىغان قلب كورسەت
مديكى ، پوتون مىللەت هەممە خەلقلە-
عرق بەگولريدين مرسەقبل حالالايكيسيو

پلوتاناسيه وەشونوڭ بلەن بللە اوزآرا
زىدىيەتلەر دېمو خالى بولغان حالدا ،
ايلك اوستۈن مەدەنىيەتنى اوز لەشتوروب
ھەممەسىدىن آلدىن كېتىپ بارىدو .

عرق نظرىيەچىلرى خصوصا؛ نېمس
فاشىستلرى اوز واختىدا سەويتلەر اتفاقىدىكى
خەلقلەرگە «صفتسىز» آدەملەر دەپ قارى
غان ايدى . لېكىن عرق نظرىيەسىدىن
خالى بو گوللەنگەن جمعيت آدەملىـرى
( سوويتلەر ) اوزىنىڭ قانداق آدەملەر ايكە
نلىكىنى او «صفتلىك» آدەملەرگە كورسە
تىبدىمو ؟! . . .
كورسەتتى . كورسەتكەندىمو اوندان
افسانە سوزلەرنى ايككىنچى آغزىغا آلالمايدىغان
قلىپ كورسەتتى .

اگر قايسى مىللەتدىن بولمىسـون
عرق نظرىيەسى بلەن زەھەرلەنگەن كىشى
لەر ، غالجىرلىقا اوتىدىكەن ، گېتلېـر
چىلەرنىڭ تقدىرى نيمە بولغان بولسا ، اولار
نـىڭمو شونداق بولوشلرى چوقوم .

ز . قادىرى

# قانلىق داغلار

1944 – يل نويابر آيىدا باشلانغان ملى آزادلق انقلابىمىز واقتىدا ، خطاى مستبد عملدارلرنىڭ قلغان جنايتلرىگە گواھلق بىرىپ تورىدىغان آكتلار تارىخى حجت بولوپ قالدى ، 2 – دىن بو آكتلار اولارنىڭ ، انسانى مەھرىبانلق نيقابى آ-تىدىكى رەڭگى روخسارىنى ايچپ تاشلىدى .

او « انسانى » پەروەر آدەمگە « مەھرىبان » ژانلار اونتوشدىمو بزنىڭ آنا بو ۋىرىمىزنى ھېچ چىداپ بولماسلىق عذاب عقوبتلار بلەن ظلوم قىلىپ اولتوروپ كە-لگەن ايدى . ئەگر اوزاق اونتوشدىن بـو گونكى كونگىچە خطاى ظالملرىنىڭ خەلقىمىزگە قلغان وە حاضرمو قلوانقان عـذاب عقوبتلرىنى آكت قلىپ يېزىپ چقىقان بولساق ايدى ؛ وطنىمز شرقى توركستاننىڭ پۇتون زېمىنى بويىنى آكت بلەن ياپقان بولار ايدوق .

ژورنالىمىزغا كرىتىلگەن بو برنەچچىلا آكت وە معلوماتلا – انقلاب كون-لرى ايلى ويلايىتىدىلا بولغان بعض بر حجتلردىن عبارەت . بز باشقا ويلايەتدە ايلى ئەترافلرىدىمو ناموسسىز خطاى عملدارلرىنىڭ نوبەت تورغون آدەملرنى ا-سان آتلىمىغان وە كورمىگەن آزابلەر بلەن اولتورگەن قانلىق فاكتلارنى كور-گەن وە اشتكەن بولسانمز ، اولار اوستىدىن تولوق آكت يېزىپ اولگورەلمىگەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ايدوق .

بز اوميد قيلەمزكى وطنيمز شرقى توركستان توپرقيدا خطاى زوميگەرلرينىڭ قلغان يرتقوچلوق واقعەلرى وەطنيمزنىڭ هربر جايدا ياشيەاقدا بولغان وطن پەروەرلريمز طرفيدين بر مو - بر تاريخيمزغا تزكەلگوسي .

تحرير

## فاكت

ظالم خطاى عملدارلرى اوزلريدنى اعلا اخلاق ايگەسى ساناب « ئەدەب، انساف دبيانەت ، ناموس » نى دەعوا قلش بلەن بللە ، « 5.ڭ يللق مدەنيمز بار » اولوغ دەولەت دەب ماختانـدى . مهربانلق ، وافادارلق ، صداقتلككە اوخشاش گوزەل ئەخلاقلارنى اوزلريدە باردەب ، بو گـوزەل فضيلەتلەر بويچە جهاندا اوزلرينىڭ تەڭديشى يوقليغينى تنەاى سوزلەب كەلگەن ايدى . اويلاب باقايليچو موشو ئەخلاقلار ارلاردا بارمىدى ؟ اولار حقيقتا ادبليك ، وافادارلق ، ناموسلوق وە انسافليقمىدى ؟

يوق . نەدە اولاردا ئەدەب ، انساف ، ديانەت ، نەدە ناموس بولسون ؟ !

— نەدە اولاردا ميهربانلق ، وافادارلق بولاليسون ؟ ! اگردە بوقانخورلار اوزلرى انقدرچە مهربان ، وافادار وە انصاف بولسا ، بيكار ياتقان خلقلارنى سويوب ، يورەكلرينى خام بويچە يامدو ؟ ! كوزلرينى اويوب ، قولاق بورونلرينى كسەمدو ؟ ! گناهسز خلقلەرنى اوزلرينىڭ قوشخنيغا آيلانغان ايـدارلريگە ايلب كيريب جادولاردا توغرامدو ؟ وە چاپامدو ؟ اوت قزيق باغ ، قزيق تمورلر بلـەن داغـلاب ، كويـدوروب ، يەنـجيب فارچە — فارچە قليب اولتورەمدو ؟ !

ظالم خطاى عملدارلرى — فقط يرتقوچ ، وحشى ، قانخور حيوانلاردور . اگردە يرتقوچ بولميسا توەنديكى جدوللردە كورسوتولگەن قانلىق فاجعەلرنى قلميغان بولار ايدى .

## ئاكت

اوشبو آكت 1944 — يلى . . . نويابر كونى غولجا شهرينىڭ عمومى مللى قومينانسى بەلگوليگەن كەميسيەلر طرفيدين توزولدى . كەميسيە توزومى : اوزبك ملليتيدين : اسعدالله ، مرعزيم بايف ، شنيعەت وە غوانباى ، اويغور

فاتیخ الله یاری ، تونگان ـ
مللیتیدین : اسمائیل ، حسین . تاتار مللیتیدین : خطای مللیتیدین یالخوپ ـ
مللیتیدین کریم‌حاجی ، داووزوف وە یوسوب حاجی ، وە روس مللیتیدین دمی ـ
جـانگ وە سون خوبـجانگ ، شیـوە مللیتیدین بەئین ،
تیروف .

جینگساجوی ایلینغندین کیین بز کەمیسیەلەر اویەرگە بیریب نەکشور ـ
گینیەزدە ، اونونگ ایدارەسیدین شەبەلیك خەندەك وە قودوقلاردین 238 نفر ـ
آدەمنگ جسدی تیپلدی . بو آدەملار خطای جللادلری طرفیدین عزاب اولتو ـ
رولگەن .

بو آدەملەر هیچ بر نەرسیدین ءیبلینب سولاقا ایلینمیغان بولوب ، فقط
کوچیدا توتوب ایلنغان . بولارنگ توققانلری بولارنی نامعلوم یوقالغان حساب ـ
قلیب ، بولارنی تیپشدا جینگساجویگەمراجیعت قلغان بولسیمو نەتجە‌سز قالغان همەم اولوك ـ
لەرنگ آغزلری قاپلینب ، قوللاری آرقیسیغا باغلانغان بعضلرینگ پوتاریغا کیشەن
سیلینغان .

بو اولوكلر چوب توغرایدیغان جادو بالەن توغرالغان بولارنگ هەمیسی قونو
گراب بلەن رەسەمگە ایلیندی . اوروق توققانلری بیقین آدەملری طرفیدین چاچ
رەنگلری ، یوزلری کییملریدین بر مونچەاری تونولوب ایلندی .

1 ـ صابیق جینگساجوی قوراسینگ کون پیتش طرفیدە سیپلغا توپا آلغان
یەردە 35 کیشی اولوك تیپلدی . بولارنگ بر ـ یەو ملتیق بلەن ایتلغان ئەمەس
بعضلرینگ آغزیغا پاختا تقیب ، باشلرینی چوماق بلەن اوروب ، یەنجیب اول ـ
تورگەن . بعضلرینگ آیاقلریدا کیشەن ، قوللری کەینیگە باغلانغان بولوب ،
بولار نەیزە ، قلیچ بلەن اولتورولگەن . بعضلرینگ کوزلری اویولغان ، بورون
لری کیسلگەن ، جادا بلەن 2–3 بیریدین توغرالغان حالدا اولتورولگەن .

بر قودوقدین 16 یاشلق مونیر دیگەن بالینگ اولوگی تیپلدی . بو بالیر ـ
نگ قولی باغلانغان ، بیشی نەیزە بلەن تیشلب اولتورولگەن ، بونگ استیدین
تورغون کییملر ، خوتونلارنگ فەرەنجیلری تیپلیب ، بر دانە چوك تولوقتاش
تیپلدی . تاشنگ استی اولوك بلەن توشقان .

اولتورولگەنلارنگ ایچیدە 1 ضیاء الله یاری اوروب اولتورولگەن ، 2 ـ غە ـ
یز بوغوزلانغان ، 3 ـ فاروقنی اوروب مەیدیسینی ایزیب اولتورولگەن ، 4 ـ ایوان

كرشكبن جادوبلەن توغراب اولتورولگەن ، 5 سوپنابلق مەھود اوروب اولتورول
گەن ، 6 پيتروب اوروب چاناب اولتورولگەن ،
بولاردين باشقيلارنڭ كەمليگينى تونوشقا بولمايدو . اولتورولگەنلر ملت جەھ-
تدين : روسلاردين 7 نفر ، قازاقلاردين 4 نفر ، تاتارلاردين 3 نفر بولوب
قالغانلرى ھەممیسى اويغورلار .

# ظاليم خطايلارنڭ يەنە بر وەحشيليگى

فيدائى عسكرلر 2 – بولوم 3 – اسكيلاندا يېگيدين عسكرليككە كر-
گەن سييد كريم باليسينڭ ھەديسى آيم خان ابرى تورسون بلەن قوتان نام دي-
گەن يەردە پوگا چوقنڭ تيرى زاوونيدا ستوروژلق قليب تورغان ايكەن . شو
زاوونيدا اشلەب تورغان خطايلار 44 – يلى 3 ديكابر ، ئەتيگەنليگى ساعت 6 دە
آيم خانلارنڭ اوييگە كريب تورسوننى بوغوزلاب اولتورگەن . آيم خاننڭ ايغر
آياق بولوشيغا قاريماسدين كوكرەكھەم بورونينى كيسب ، اوزينى بوغوز
لاپ ، حرايككيسينى بوريغا اوراب قويغان .
خطايلارنڭ اويگە كريب كەتكينينى كوروب قالغان آدەملر قورقوب او-
تيگە كرەلميگەن .

# دەھشەتلك اولوم

نووى گورد تاتار مەجيدنڭ قوراسيدكى بر ايغزلق وقف اويدە خلاق
صدقەسى بلەن كون كوچوروب تورغان 70 ياشلق قبرى ماماى ماھى كمال .
بلەن زەعيف اوغلى عبدالجبليل ياشاتتى .
انقيلابيمزنڭ 4 – كونى گوك ئەنجو ايدارەسينڭ قان ايچكور باشليق-
لرى 10 قوراللق كشى بلەن كليب ، اويگە ديريزە ، ايشكلەرنى سوندوروب
كريب ، 17 ياشقا كرگەن زەعف عبدالجبليلنى كوكرەگيدين آتقان . بو-
بالا تزلرى پوكولگەن حالدا آرقيغا ايگيليب ، قانغا بويالغان قوللرى بلەن تاياز-
غان بويىچە قيتيب قالغان . بوحالنى كورگەن آنا : « جنم بالام ، خراب بولا-

لدى آه ! بو نيمەديگەن وەحشيلك ، نيمە قلماقچى بوليسەن ظالملار ؟ ! » دەب
واقيرغاندا ، خطاى چيريكلرى بومامايني تيپيب ، يەرگە ايغيتيب ، ملتيق
پاينگى بلەن قارا قانغا پاتقيچە توختيماى اغزيغا اورغان . نەتيجەدە مامانيڭ تل
ايغزلرى تيتيليب ، چيشلرى سوندورولغان .

خطاى جلادلرى اوزلرينڭ بو قبيح وەحشيليكلريگە قناعت قلمادين ،
مامانيڭ قورسيغيني ييريب ، اوچەيلريني سوغوروب ايلب اوستەل ، كاراوات ،
اورونلوق آياقلريغا اوراب قويغان . بونڭ اوستيگە پوتلريني پاقالچيگيدين سوز-
دوروب ، گوشيني بر ياققا ، اوستوخينيني بر ياققا آيريب تاشليغان .

## فاكت

آزادلق انقلابيمز قنات يييب ، بزلر بيوك غلبيلەرنى اوز قوللريمزغا
كەلتورگەنسيرى ، ظالم خطاى عملدارلرينڭ هم چيريكلرينڭ بيكار خلقـقە
قلغان وەحشيليكلرى بريدين كيين بری فاش بولماقدا . اولار اوزلرينڭ وەحشيـ-
ليكلريني « جاڭ ساجوى » ، « يى فن سور » قانارلق جايلاردلا قليب چەكلينيب
قلماسدين ، بلكى اوزلرينڭ قانليق تاپانلرى تەككەن جايلارنڭ هەممیسيدە قلغاز-
لقلرى بلينمەكدە .

بزنڭ جنگوار قوشونلريمز حرم باغ ، لەڭشاڭ ، باى كول محلەلرينى آلغاز-
ـدين كيينمو ، ظالم خطايلارنڭ قلغان وەحشيليكلرى فاش بولدى ، بو جايلاردا
وەحشيلەرچە قيناب اولتوروگەن قوربانلار نهايتى كوب بولغانليقدين ، بز اولارنڭ
هەمميسينڭ قانداق قيناب اولتورولگەنليگيني گيزيتيمزنڭ تار صحيفەلريدە كور-
سوتوب گيتەلمیسەكمو ، حكومتيمز ناظرلرى طرفيدين كورولوب ، تصديقيغا
آكت توزولوب اونكەن بعضى بر قوربانلارنى ييزيب اوتمەكچى بولدوق .

## ئاكت

1945 - يل غينوارنڭ 28 - كونى حرم باغدين چققان اولو كلەر آر-
سيدا بر مسلمان عسكرينڭ وەحشيلرچە اولتوزولگەن جسديني تاپدوق .
بو جسد دوختورلارنڭ تەكشوروشى آرقيسدا بيشيدين هم درمبيسيدين پيـ
چاق بلەن ياريلانغان ، قوللارى آرقيغا باغلانغان ، بيلەكلرينڭ تيريلرى سو-
يولغان هم آخيريدا اونـقا سـباب ياندورولغان ايكەنليگى معلوم

بولدى .

بو مسلمان شهيدنك توققازارى كلىب تونوب آلغيچه بر نەچچە كونساقـ
لاشقا قارار قلندى .

شبو آكتنك راسليقيغا :

شرقى توركستان اعضاسى هم معارف ناظرى : حبيب يونيچى

صحيه ناظرى : قاسيم جان قمبرى . : ، دوختور مينشوف

بولارنك سپرتيدا 4 نفر ادم شاهيد بولوب قول قويدى ،

## ئاكت

1945 – يل 31 – غينوار كونى حرم باغدا خطاى چيريكارى طـرفيدين وەحشلرچە اولتورولگەن 2 اولوك تيپلدى . بولارنك هـر ايكيسينك مسلمان ايكەنليگى بليندى ( كەليگى تونواەيدو ) برسينك قوللرى آرقيسغاباغلانغانـ بشى اوتكور نەرسە بـلەن ياريلانغان ، ينه برينك آغزى تلينگەن هم پيچاق بلەن جزالاب اولتورولگەن . شبو آكتنك راسليقيغا

معارف ناظرى: حبيب يونيچى .

صحيه ناظرى : قاسمجان قمبرى .

دوختور : مينشوب .8آدم شاهيد بولوب قول قويدى .

---

# كولدور گيلى كەلدم

قزيق

سلام آزاد رايونلاريم ، مەن سينى بر كور گيلى كەلديم .
قوچاغيڭدا چك تاولينب ، كەڭ كوشاد بور گيلى كەلديم .

—

يور• كيگە داوا ايزلەب ، اويەردە قالدى مليون جان ،
شولارنك دادماليني ، اوزەم بر بلدور گيلى كەلديم .

—

يوبوب قاندا قاراداغنى آقارغان تاجى نەختم سەن ،
زەررەشەيئڭنى تونيا ايلەب ، كوزومگە سور گيلى كەلديم .

آلغا !
کوره‌ش یالقی بولمیدالدا ، یه‌نه مردچه بسیسب
غه‌یریتکنی مده‌ت ایله‌ب ، یوره‌گنی برتور گیلی که‌لدیم .

—

سوت ایه‌یپ دار سیپیدکبی ، قوچاغیمدا وه‌ر کیلیب موده‌ت ،
کویب برخواله‌ولوك ایچیره ، یوره‌منی چومدور گیلی که‌لدیم .

—

بولسا نامیك اینقلابچیل ، شرقلیك بر اولوغ اوکیان ؛
توبغوچه یوره‌ك باغریم ، قوچاغیمدا یوز گیلی که‌لدیم .

—

حیاتیمنی موباره‌ك له‌ب ، سینك برله‌ن تا خشیلار کوپله‌ب ،
کوره‌ش ته‌غمیمنی چیلیشقا ، قواومنی کوندور گیلی که‌لدیم .

—

سویوملوك سه‌ن ازه‌لدینلا ، مینك سویگه‌ن گوزه‌ل یاریم ؛
کی بوینیمغا گره‌سالیب ، سچوك تلدا سویگیلی که‌لدیم .

—

کوره‌ش ناخشامنك آوازین موزاندیه اونکوزوب تیری ،
شوچاقیچه الم چه‌ککه‌ن ، یاریمنی کوولدور گلی که‌لدیم .

# قاراشهرگه یورۆش

ز . قادیری

1864 - یلی ایدی . به‌ده‌وله‌ت قه‌شه‌
قه‌ر شهرینی خطای خانلیق حه‌کیمدین‌عجا
یب کیلیشکه‌ن جه‌نگله‌ر بلان آزاد قلدی .
امدی اونوڭ آلدیدا تاغده‌ك اولوغ خزمه‌ت
له‌ر توریدو . خطای بولاگیچیلری طرفیدین
قه‌لعه‌له‌ر ، کوروکله‌ر ، مه‌دریسه‌له‌ر وه تور
لوك عماره‌تله‌ر کوییدورولگه‌ن ؛ مگلیغان خه
لقله‌ر تالان - تاراجغا اوچراب ، آچ ، یالا
نگغاچ وه خانه وه‌یران بولوب قالغان . یه‌
لیك - یالیڭاچ کوچیلاردا اوششاق بالیه‌
له‌رنی اگه‌شتوروب یوره‌گه‌ن آنیلار ، کۆ

له‌رگه کومولوپ یاتقان بیچاره آده‌مله‌ر ،
آشغه‌زنك اوچاقلری آلدیدا شومشویوب .
تیتره‌ب اولتورغان ییته‌له‌ر هه‌ر قه‌نداق بالی
ری قانتق کشیله‌رنیمو ایچینه‌دورار ایدی .
» خه‌لق اوستیدیکی موندا‌ق ایغر یاربلار
نی داوالاش کیره‌ك ، عماره‌تله‌رنی ، کو
روكله‌ر ، یوللارنی تعمیر قلش کیره‌ك
یه‌نیمو منتظیم له‌شکه‌ر توپلاب شرقی تور
کستاننی خطای‌باسقونچیلریدین تماما = آزاد
قلش کیره‌ك »» دیگه‌ن خیاللار به‌ده‌وله‌تنی
اوراب آلغان ایدی . او خیالنك براوچینی
تونیده مه‌دیب مكتلاب - مكتلاب کشیله

نى لەشكەر صفيگە چاقريب زامانسينىڭ دەبدەبەلىك لەشكرى قسماريىنى وجودقا كەلتۈ-روشكە باشلىدى . اوز دەولىتىنىڭ قوروالي-شى وە اونوڭ لەشكەرلىرىدىكى دەبدەبە ، اسئەلەر قەشقەر خلقىنى روحلاندورغان ايدى . غەلەبەلىك جەڭلەردە تابى اوسكەن لەشكەرلەر آرسىدىن وە خەلق ايچىدىن يوزلەب - يوزلەب قەريەانلار ميدانغە چقتى :

آلتە شهر اطرافىدىكى اوششاق خان-لقلار برلەشتورلوب ، قەشقەردە قايتىدىن مستقل اويغور دەولىتىنىڭ آسمانيىسى قو-رولدى .

⁂

بو وقتلاردا راش الدين خان بەدەولەتكە ايطاعت قلغان حالدا كوچاردا حكمرانليق قلار ايدى .

قارا شهر دە وە توربان اطرافيدا خطاى باسقونچيلرى چوڭ كوچ توپلاب هجومغا تدارلىقيواتقانليغى توغرسيدا مش-مش گەپ بولوب قالدى. بو اندىشىلىك خبر توغورسيدا راش الدين خان بە دەولەت-لدين دوشمەن آلدينى توساشقا ئەمر آلدى .

تخمينان 1865 - يلى راش الدين خان „ وطن و خدا ، رسول يوليدا دوشمەنلەر بلەن غزات قليب غازيلق مەرتىبە-سىنى خوشليغان وە شهادەت دەرىجەس-نى ايزديگەن بر مرد بهارى بارمو ؟ » دەپ جار قلدى . شو اثنادا مرد غزات كەميرينى بلىگە باغلىغان كەڭ غوللوق ، اوتكو-كوزلوك بر كيشى كيليب :

- مەندورمەن ، شبو خدمتنى بجاكەل-تورولوب بودەريجيلەرنى آروزو قلغان ، -ديدى.

راش الدين خان توختى يوز بيشيغا يوز لەشكەر بەردى . او نوايتى ئزليك بلەن حربى حاضرليق قليب محاربە وە مقابلە كاروانى بلەن « فتح - نصرەت ئەيەدىسەن » دەپ يولغا چوشتى .

كون اوز قارار گاهيغا كريب كەت-كەن ، لەيكين اونوڭ زەربىن كاكوللرى تيخى كەڭ اوفوق گردابيغا چيچيليب تو-راتتى . محاربە كاروانلرينىڭ شيددەتليك يوروشيدين چققان چاڭ بوگور شهرينىڭ طرافيني قاپسيغاى باشلىدى . بوگور-ديكى خطاى چيريكلارى هيچ نەرسيدين خبرسز كەيف صفا سوروب اولتوروتو ، بوگونكى چيليدوراتقان غنچە كنىڭ آغرقى آوا-زى خطاى چيريكلارىگە زاوالليقدين خبر بيريب نالە قلار ايدى . شهر اطرافيدا تويوقسيزدين ياڭريغان تكبير آوازى خطاى چيريكلرىنى هودرقتوروب قويدى . هجوم-غا اوتكەن توختى يوز بيشينىڭ لەشكەرلرى آلديدا خطاى چيريكلرى اوولانغان توش-قان مسلى قيچيشقا باشلايدى . خيلى او-زاق وقتدين بيرى بوگور شهرينى اوزي-نىڭ ظلوم چاڭگيليدا قاماب ياتقان 100 چە خطاى چيريكليرى بيرايم سائەتچە بولغان جەڭدە ئوزغالدىك هواغا اوچوب كەتتى .

بوگور فتح قلنغاندين كيين آزادلق-قا تەشنا اويغور وە تونگان خلقى توختى يوز بيشى لەشكەرلرىگە گروه - گروهى بلەن كيليب قوشولوشقا باشلىدى . كو-چار طرفدين بەكير خانچە وە اسحاق خوا-جە يول باشچيليغيدا يەنە 150 چە لەشكەر كيليب قوشولدى . تونگانلارغا سوموللا باشليق بولوب تەيينلەندى ! لەشكەرلەر يوروشنى داوام قليب كوليغا كردى

كورلا خلقيمو قرغين روح بلەن لەشكەر
صفيگە قوشولدى .

امدى رەسمىلەشكەن بو لەشكەر صف-
لەرى زامانىسىدىكى پادشاهلارنىڭ كوچلوك
قوشون كورنيشىنى آلدى . الەم - باي-
راق ، اوق ، ساغداق ، ملتيق ، زەمبى-
رەك اسلىھەلەر تەييارلاندى . ناغرا ، كار
ناى ، سورنەى ، داپ دومباق صداسى
بلەن لەشكەر گەشلىك دەبدەبەسى جىلوىگە
كەلدى . لەشكەرلەرنىڭ ايتيوانقان غەزەل-
لەرى وە ناغرا كارناى صداسى كەڭ دالى-
لەدا تەرەننوم ايلەب ، چول جەزيرەلەرنىڭ
لەرزىگە كەلتورەتتى . ھەممە زوق ، شوق
بلەن يول يوروب قارا شەھەر دەرياسى لى-
ۋىگە كيليب قلغانلىقىنى سەزمەى قالدى .
دەريانىڭ اوچيتيدىن بردينىگە ايتيليب كە-
تكەن زەمبىرەك آوازلرى بونوبچى لەش-
كەرلەرنىڭ قيياقيتينى جدى بر توسكە آل-
ماشتوردى . دەريانىڭ 2 قرغيقيدا بر-
بىرىگە قارمو قارشى زەمبىرەك ، ميلتىق ،
اوقيالار اوقى اوچوشقا باشليدى .

خطاى چيريكلرى دەريانىڭ شەھەر طرف
قرغيقيغا محكم استحكاملار قوروب زەمبى-
رەكلەرنى اورناشتوروب آلغان وە دەريا
دىكى كيميلەرنى ناريب كەتكەن ايدى .
شونوڭ اوچون اويغور لەشكەرلرى بوجاي-
دىن ھجوم قلشقا ايليك يول تاپال-
ميدى .

كيچە بەك قاراڭغو ، سميلداب يام-
غور ييغب توربدو . اويغور لەشكەرلرى
دەريادين بر پونەى بيرى كيليب آلغن .
لەشكەر باشلقلرى اوت قالاشقا روخصت
قلمايدو ، اولارغا فقط كوز بومماي اطراف-
قا قاراپ تورۇشقا امر بيريلگەن . شو-
نوڭ اوچون لەشكەرلر بولغون وە تاللارنىڭ

دالديسيغا كريب چاشقاننى ماراب ياتقان
موشوكلەردەك شومشريوب يتيشدور .
لەشكەر باشليقلرى بولسا ، بيشينى بر
يەرگە قليب مصلحت قلشيوانيدو . كورلا
بهادرلريدين اسلام خافە ايلك ياخشى مصلي-
حت بەردى :

-بزچوك يول بلەن قارا شەھەرگە كريب-
مز دىسەك ، ياخشيليق تاپقان بولمايمز -
دىدى او ، اسحاق خواجەنىڭ بيشينى چاپقو-
شيغا قاربماى ينە سوزينى دوام قليوەدى :-
باغراش كولينىڭ آييغى بلەن اوتوب اوش-
شاق تالغا چقساق ، آندين آرقيغا بيتيب ،
قارا شەھەرگە كرسەك اشيمزنىڭ خيرليك
بولوشيغا شەك يوق ، چونكى خطاى ناب-
كارلرى بويانديين انديشە قلماى آنچە مە-
كم اورناشميغاندور . بو مصلحت كوپچى-
لوك طرفيدين معقوللاندى .

لەشكەرلەرگە آرقيغا قايتش بويروقى
بيريليب ، بيربم كيچە محلى كورليغا قا-
راپ قوزغالدى .

كورليدين ينە قارا شەھەرگە قاراپ يو-
روش قلغان اويغور لەشكەرلرى باغراش
كولينىڭ آييغينى آيلينب توققوز كون دي-
گەندە اوششاق تال ديگەن مەنزيلگە كيليب
چقتى . ھەممىنىڭ آلديدا اطرافنى تەكشو-
روب كيليوانقان 2 نفر پاسيبان اعتبان
بلەن يوروب كيليب بونخانا آرديدا توختيدى .

اوششاق تال بو وقتلاردا يولچيلار
قونوب اوتيديغان اوتەڭ حسابيدا بر بەر
بولوب ، اويغور ، تونگان وە منغوللاردين
بر نەچچە اويلوك عائيلە ياشاوانقان تاغ
باغريديكى چيرايلق مەنزيرەليك برجاي ا-
دى . محلەنىڭ شمال طرفيديكى بويوك تاغ
آريسيدين چيقوانقان اولوغ سو تلشدين

ناشقا سەكریشب غەزەل ایتیب محلەگە
کریب بارید . سونك اطرافی زیلوا تاللار،
چیرایلیق ناباتلار بلەن بیزەلگەن . بو —
گوزەللیككە تاغ شامیلی علشیق . شونیڭ
اوچون اولارنیڭ چاچلیرینی تارایدو ، غریغ
لاپ اوسول اوینیتوپ قویوپ قاچیدو ، بو
گوزەل منزیرە ایچیگە قارشی قویولغان
بوتخانا بیناسی مغرور رانە گەردە كید —
ریب توروپ آلغان . بوتخانا ایچیدە كمنیڭ
هەیكیلی بار ، حاضر كیمەلەر اونوتدین
مدت تیلەب یاتیدو ؟ بو سو آلغا اویغور
خلقینیڭ قانلیق تاریخی اوزی جواب بید —
ریدو : بوتخانا ایچیدە آلتی شەهردە آزادلق
اوچون كورەشكەن اویغور خلقینی قتلیعام
قلغان ؛ خرنون — قزلارنیڭ ، ناریسیدید —
لەرنیڭ وە خلقی ، وطنی اوچون شهید
بولغان مرد ییگیتلەر نیڭ قانلری بلەن یوزی
بویالغان « ي » جاڭجەرنیڭ نامیلیق خطای
منصفداریڭیڭ هەیكیلی قویولغان . بو جاللاد
اویغور لەشكەرلیریڭیڭ قریمی بو جایغا كید —
لشدین 38 یل آوال اویغور خلقینیڭ آزاد
لیق كورەش رەهبری جهانگیر خواجینی
توتوپ بیجینغا اوزەتكەن وە اویغور خلقینیڭ
قانلیرینی دەریا — دەریا آققوزغان خزمتی
اوچون خطایلار مدت تیلەب عبادەت قلشقا
لایق بود ( هەیكەل ) بولوپ آلغان ایكەن .
اونوڭ بویندا : « آلتی شەهرنیڭ تەربیەت
كەردیسی وە اونی ساقلایدیغان مازاری »
قەب خطای خانی طرفیدین تقدیم قلنغان
تومار اسغلیق .

بوگون كیچە منا شو بوتخانا ایچیدە
اوروموچیدین آلتی شەهرگە ارت قویوپ ، خ
لقنی یندە قانغا بویاشقا كیلیواتقان 18 مڭ
خطای چیریكلارینیڭ سەركەردیلری آرام ایلیپ
اوخلاواتیدو . اولار چوش كوریواتیدو : « اتە
آلتی شەهرگە یندە ارت قویدی . قاپقارا تو —
نەك ایچیدە بینالار كویوواتیدو ، قایتیدین
تیكلیندۇواتقان اویغور دەولیتنیڭ اوردیسیغیمو
ارت توتاشتی ، مسجیدلر ، مدرسەلەر ، ما
زارلار ، سارایلار ، آت ایغیلیغا آیلان —
دورولدی . قیزلار ، آیاللار ، یتیم — یە
سیرلار كوچیلاردا ناله — زار قلیب یور
مەكدە ، دەسـالمەكدە ، كویمەكدە ، آدەم
لەر گروه — گروه قوشخانیلارغا هایدیلیب
بیریپ بوغوزلانماقدا ، توغرالماقدا . نار —
سیدیلەرنیڭ چیقرغان آچچق آوازلری قاپ —
قارا توتەكلەر بلەن قوشولوپ هواغا اورچ —
ماندا . گویا قەشقەر خەلقیغە قیامت بول —
دی . خطای چیریك باشلقلری بولسا ، بو
قزیق دد تاماشەنی ›› كوروپ قاقاخلاپ كو —
اوشیواتیدو . 2 نفر اویغور پاسیپانی
بوتخانا ایچیدیكی دد هرمتلیك میهمانلار ››
نیڭ اویقوسیغا خالال بەرمەسلیك اوچون بو
تینیڭ اوچی بلەن آستا — آستادە مسەب چقتیدە
سای طرفكە بورولوپ كەتتی . خطایلار
اوچون خوفلیك بو ایككی كشینی هیچ كیم
كورمیدی . كیچە كوندوز كوز یومماي
قاراپ تورغان لعنت تومارلیق دد آلتەشەر
نیڭ تەربیەت كەردیسی ›› لا اولارنی كور
دی . لەیكین او ، زووان سورەلمیدی . تاغ
یورەك اویغور پاسیبانلرینیڭ سوری بلەن
اومولایغا آیلانغان ایدی .

2 . 3 كوندین بیری تینەسیز یاغقان
یامغور خطای چیریكلرینی سوغا چوشكەن
چاشقانلاردەك شومشەیتیپ قویغان ایدی . سای
ایچیدە زەبەردەك ، ملتیق ، اسلیهەلرینی
یامغوردین قاچوروپ قومغا كوموپ قویغان
اون نەچچە مڭ خطای چیریگی بی خارا —
مان اوخلاواتیدو . اویغور پاسیبانلری هەم
ە اطرافنی تەكشوروپ ، خطای چیریك —
لارینیڭ پوتون احواللرینی بلیپ قایتتی !

بو كيچه آسماندا برمو بولوت كورونمەيدو ، تاڭ يېقينليشب قالدى . يوروق آريلاش قاراڭغولوق ايچيدە موكدەك باسقان تاغلارنىڭ جيمجتلقيغا قوينيدا شاقيراب ايقيواتقان اولوغ سونىڭ آوازى خالال بيريب توريدو .

بر دەنيگە قوزغالغان سهر شاميلى ساى ايچيدە اومولەب كيليواتقان ايغور لەشكەرلرينى انديكريب اوتەتتى . خطاى چيريكلرى بولسا ، هەمان سوت اويقوسيدا اوخلاواتيدو .

اويغور لەشكەرلرى خطاى چيريكلارگە نسبتا 6 - 7 حصه كام بولسيمو ؛ اوچ طرفدين محاصريگە آلدى وە اولارنى بوتخانيديكى باشقلريدين آجرتيب قويدى . تويوقسيزلا تكبير بلەن باشلانغان هجوم ، خطاى چيريكلرينى اوگوسيدين آجرالغان چاشقانلاردەك تەنتيرتيب قويدى . اويغور لەشكەرلرى دە اور، چاپ، يوقات ! دېگەن آوازلار بلەن آنداق جەڭ قلديكى گويا اولار آشليقغا آفەت بولوب چوشكەن چيكەتكە ياكى چاشقانلارنى اوروب چەيلەواتاتتى .

جەڭ چوش مهليگيچە ايلب بېرالدى ، خطايلارنىڭ قارشيليق كوچى آللا قاچان اوشتولوب گەنكەن ، نهايت بوتخانيغا كريب آلغان بر ەر مىڭچيسى ايكى اوچ ساعتچە وقت قارشى جەڭ قليب آخرى بولارموسه رەمجان تاپتى . 18 ، يىڭ خطاى چيريگيدين آران اوچ مىڭچيسى قارا شهر طرفگە جېنينى ايليب قاچتى ، قالغانلرى بولسا نيست وە نابود بولوب چوللەردە قالدى .

لەشكەرلەر تاماق يەپ امديگينە آرام آلماقدا ايدى . يولچى منغوللا تورپان طرفدين كيليواتقان 2 نفر آتليق خطاى چيريگينى توتوب ايليب ، اويغور لەشكەر باشلقلريغا تاپشوروب بەردى . چيريكلارنى تەفتيش قليب كورگەندە ، تورپان طرفدين اوششاق تالديكى خطاى چريكلاريگە يارگە كيليواتقان چيريكلرنىڭ باشليقلرى طرفدين قارا شهر آمبانيغا اوتكەن برپارچە خط تيپلدى . خط دە بزلار خان يارليغى بلەن 24 مىڭ چيريك ، تورت يوز يەتمش زەمبيرەك ، اوچ يوز هاروبدا اوق ، دارى داراغ ، اسليهەلار بلەن كەلدوك ، اوچ كون ايچيدە اوششاق تالغا باريمز بزلارگە بوزغون اوزوق چقارسون ، دېگەن مضموندا ايكەن .

اويغور لەشكەر باشليقلرى يڭە جديت بلەن جەڭگە تيارلاندى . دوشمەن كيلواتقان طرفكه كوزەتچى لەشكەرلار اوەتب دوشمەنلەرنىڭ هيچ نەرسيدين بى خبر بو طرفكه كيليواتقانلقيدين واقف بولوشتى ، ثوختى يوزبيشى ، اسحاق خواجە ، بەاالدين ، مأمور خلفه ؛ آيدينلرنىڭ رەهبەرليگيدە تونگانلاردين سوآخون ، دۇعاسى خلفەلر بولوملرى قوشولوب اويغور لەشكەرلر 7 قسمغا بولوندي . لەشكەرلر يولنىڭ دوخەوشينى وە 2 طرفيديكى تالليقلارنى ، سوبويلرينى ايگەلەب كوتوب تورغان ايدى . خطاى چيريكلرى خبرسيز آريغا كريب كەلدى . تويوقسيزدين يوقورى آوازدا تكبير ايتب اويغور لەشكەرلرى هجومغا اوتتى آرقا-آرقاسيدين دوشمەننىڭ اورتا صفيگە ايتلغان زەمبيرەك اوقى دوەن صفينى ن قاق بالدين ايكيگە اوزوب تاشليدى . طرف طرفدين چاپ - چاپ آوازى حاضر بول! واقف بول ! علاليسى توپ ، ملتق وە قلچ صداسى فلەك سريادين اوتتى آريغا كريب آلغا 10 ميڭچە دوشمەن چيريگى اوزينى اوڭلاپ آلالمەي ، ديگيدەك قارشيليق كورسوتەلمەيدى . اسير چوشوشنى عاريلب

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



اوزلىرىنى ازلىرى هلاك قىلىشقا باشلىدى. شو كونى كىچىسى بىلەن وە ارتىسى چوش ئىشىنىگىچە بولغان دەشتلىك جەڭدە مۇصىد-ربگه ايلىنغان دوشمەن چىرىكلارى قرىلىب كەتتى. لەيكىن بولونوپ قالغان دوشمەن چىرىكلارى اوزىنى اوڭلاپ ايلىب، بهاو-الدىن خلفه، مامور خلفه قسىملىرىنى مغ-لوب قلىب آرقىغا چىكىندورگەن ايدى؛ مۇاصىرىدىكى دوشمەنلەرنى ماجاغلاب تاشلىغان 5 قسىم لەشكەر قلىچ اوينوتوپ دوشمەن اىستىگه آت سوردى. جەڭ يەنە تزىپ كەتتى. قوى قوتانىغا بورى نەك-كەندەك يەنتە طرفدىن هجومغا اوتكەن اوي-غور لەشكەرلەرى توت يىرم مەلىگىچە جەڭ قليب دوشمەن چىرىكلارىنى مغلوب قلدى. نهايت دوشمەن چىرىكلەرىنىڭ 10 دىن بر قسمى جىنىنى سلامت ايلاب قاچتى. قال-غانلارى بولسا، اويغور لەشكەرلەرىنىڭ آتە-شين جەڭ ضربىدارى بلەن وە اوز — اوزي-نى اولتورۇش بلەن هلاك بولوب كەتتى.

ايكى كيچە بر كوندوز كيچە بر يو-نوم سو، بر بوردا نان ييمەي جەڭ ايلاب بارغان اويغور لەشكەرلەرى امديگىنە تاماق يەپ آرام آلماقدا ايدى. يەنە پاسيبانلار: قا-را شهردىن يەتتەمەلىك خطاي چىرىكى، 3 ميڭ منغول چىرىكى، 56 هارويدا توپ، 150 توگە اوق - دارى، ياراغ - اسليهەلەر بلەن تبيلغو ديگەن منزىلگە كيليب چوش-تى، ديگەن خبرنى بەردى:

ايكى قيتىمقى جەڭدە قولغا كەلگەن حربى غنيمەتلەر بلەن يەنە موكەممەل-رەك قوراللانغان لەشكەرلەر عجايب روح بلەن محاربيه وە مقابلە اوچون قارا شهر طرفكە قوزغالدى.

جهاننى قاراڭغولوق باسقان چاغ اي-دى، اويغور لەشكەرلەرى 3 يوتەي يول

يوروب چوقور ديگەن جايغا يقينلاشتى: بو جايدا دوشمەنلەر توگيلەرنىڭ اوستىدىكى يوكلەرنى چوشورمەيلا قاتار چوكتورگەن وە هارويلارنى تزىب پانا قلغان حالدا ما-راب يانقان ايدى. اويغور لەشكەرلەرىنىڭ كيليواتقان دووشىنى آڭلاب كرپيدەك بش-نى ايچيگە تقب ايليب هەر طرفدىن اوق ايتشقا باشليدى.

اويغور لەشكەرلەرى يگرمە نەچچە زەمبرەكدىن توگيلەرگە قاراتيب بر دينلا اوت آچتى. توگيلەردىكى اوق — داريلارغا اوت توتوشوب پارتلاپ كەتتى. توگيلەر آت — هارويلار، اسليهەلەر؛ آدەملەر قاي-قارا مانان ايچيدە آسمان قهريگە اوچار اي-دى. بر قانچە ونتقيچە آسماندىن آدم، حيوان وە اسليهەلەرنىڭ پارچيلرى ياغدى، دوريلارنىڭ سيسق توتونلارى وە چاڭ - تو-زانلار كيچىنى شونچە قاراڭغولاشتوردىكى لەشكەرلەر اوستون بيقيب آسماندىكى يو-لتوزلارنى وە اوز ووجودىدىكى قوللرىنى كورەلمەس ايدى. برەر ساعتچە قارشى آتقان دوشمەنلەر دەشتلىك ايليب بيرلغان هجومغا طاقت كەلتورەلمەي ارقيغا قاراپ قاچتى. اويغور لەشكەرلىرى دوشمەنلەرنى تابيلغوغيچە قوغلاپ كيليب تورغونيني هلاك قليب تاشليدى وە بو جايدا بر كي-چە آرام اليب قوندى.

اويغور لەشكەرلەرىنىڭ سانى 3—4 مڭ-دىن زيادە بولميسىمو 3 قيتيمقى جەڭدە اوزيگە نسبتاً بر قانچە دەصە آرتوق هەم موركككەپ قورالانغان دوشمەن چىرىكلارى-نى يىڭيب چقتى. بونىڭ سەوەبى نمە ايدى؟ شو ايديكى: بو جەڭلەردە اويغور لەشكەرلەرىنىڭ اتفاقى محكم اويوشقان اي-دى. هەم ازادلق اوچون ايليب بارغان

بو کورەشنڭ مقصدینی جەڭگە قاتناشقان
پوتون خەلق آڭلیغان ایدی . ە قوللوق-
دین اولوم اعلا ، دیگەن اوقوم بلەن روھ-
لانغان بو خەلق خطای چیریکلریگە نسبتا-
قورقومسیز ، قارام وە بهادر ایدی ، جەڭ
ساعتلرینده کورەشچان آتا - بوویلرینڭ
قزیق قانلری اولارنڭ تومرلریدەمو حر-
کتکە کەلگەن ایدی . یەنە غالبیتنڭ بار
قن بر ساهیبی جەڭ قلش وقتداکی
تیگیسی بولدی . برنجی دشمەننی چوچو
توپ اینب یوریگینی موجوپ تاشلاش ،
ایکینجدین دوشمەننڭ جەڭگە عاجز فەتید-
نی بەلگولەپ ایلش ( خطای چیریکلری
کوپونچە کیچەسی جەڭ قلشدین نهایتی
قورقار ایدی ) منا شو سببلر دشمەن
اوستیدین موکەممەل غلبە قازینیشنی وجود
قا چیقارغان ایدی .

اویغور لەشکەرلری تیویلغو دیگەن منز-
زیلدە بر کیچە قوندی ، هر منزگیلیدە
منغوللاردین 3 - 4 کشینڭ یول باشلیشی
بلەن قارا شهر طرفیکە قوزغالدی تویوق-
سزدین یولدا ایکی خطای چیریکی اوچ-
راپ قولغا چوشتی ، اولارنی قاتتق تەف-
تش قلغینیدا خطایلار چوڭ بوغازەمبیرەڭ
قوروپ استحکام یاساپ آلغانلیغی بلیندی .
لەشکەر باشلیقلری چوڭ یولنی تاشلاپ سول
طرفکە بورولوپ یوروشکە امر بەردی .
لەشکەرلەر شهرنڭ گون یوروشینی چاتلاپ
میڭیب ، کون پیتش طرفدیکی تیرە کالیك
دیگەن جایغا توشتی . بر طرفی دەریا ، بر
طرفی تاغ وە قویوق درەخلەر بلەن مەنز-
زیرلەنگەن بوجای آدەمنڭ زوقینی آشو-
راتتی . بو کلشکەن چیرایلق مەنزیرلك
جای بوگون قارا شهرگە هجوم قلشقا کەل-
گەن اویغور لەشکەرلریغە اوز قوینیغا آل-
دی .

لەشکەرلەر هەر قایسی اوز مشغولات-
تینی جددی ایلیب باردی . زەمبرەکلەر ،
ملتقلار ، تازیلینب اوقلانماقدا . قلیچ نەی-
زەلەر یلتراپ شوعلیلەر چاچماقدا . اوق ،
داریلار بولسا ، مخفی جایلارغا کرگو-
زولمەکدە . هەممینڭ قیافیتیدە جدیت
بار ، هەممینڭ کوڭلیدە بیوك تاریخی وا-
قیعەلەرروی بەرمەکدە . غلبە اوستیگە -
غلبە بلەن بو جایغا کیلیب قالغان لەشکەر
لەر شهر اوچون بولیدیغان جەڭلەردیمو غا-
لیب بولوپ چقشلریغا چوقوم اشنیدور .
چونکی کونورەنگو روح وە حرکتنڭ دەب-
دەبیسی غلبە پوراقلرینی چاچماقدا ایدی .

لەشکەرلەر هەممە یراغ املیحەلری
بلەن جەڭگە تەییار ، فقط امر کوتوپ تو-
ریدو . حربی ارکانلار بولسا ، جەڭنی
قایسی طرفدین باشلاش اوچون مصلحەت-
لەشمەکدە .

صبحی صادیق بلەن تەڭ قارا شهرنڭ
اطرافیدا تکبیر یاڭراپ کەتتی . دوشمەن-
گە برنجی ضربە شهر سیپیلی سرتیدا بید-
ریلدی . کون لەشکەرلەر یزیگە تیغی بخت
نوریدی چیچیب اولگورمیگەن ایدی . شهر-
نڭ سرتیدا پارچە - پورات بازارلار اش-
غال قلندی . کوك قزیریب چقیچە بول-
غان اوتلوق وە قانلیق جەڭلەردە شهرسر-
تیدا بر هم خطای چیریگی قالمیدی . امدی
لەشکەرلر سیپیلغا وە شهر دەروازاسیغا
هجوم باشلیدی . دوشمەنلەر سیپیل اوستی-
دین اوق یاغدوروپ ، خودەن وە تاش ای-
تیب یەقن کەلتورمەس ایدی . هجومچیلار
هاریلارغا تیگە چومی وە ایچیگە قوم ، تو-
پا توشقوزولغان قاپلارنی تزیپ اونڭ
اوستی بلەن یوروپ کلیپ ، سیپیل دەروا-

زيبسيغا اوت قويدى . دەروازا لوغۇلداپ
يانماقدا ايدى . دوشمەنلەرنىڭ هوشى كا
ليبسيدين اوچوب ، دوت ديماغيدين چققى .
مشهور تاريخچينىڭ تصويرى بويىچە « يو-
راق جەن اولارنىڭ كوزيگە قاراڭغو كو-
روندى ؛ قول پوتى حركتدين قالدى . قو
ليدين ملتيق شار افلاپ يەرگە چوشتى .
اولوك ، تريكدين بى خبر بولوب ، هالاك
بقيپ دەك توروپ قالديلەر ،، خطاى چير-
ريكلرى آرسيدا غولغلە قەلدا بولدى . خ-
طاى چيريكلرى ايچيديكى منغوللار مسلـ

مانلارغا قارشى اوق اينشدين باش تارتتى
منغوللار خطاى خانليغيدين هيچ نرسە اق
ياخشيليق كەلمەيديغانلغينى سەزگەن و
خطاى عملدارلرينىڭ تجيمەللگيدين تويغان
ايدى . شونوڭ اوچون اويغور لەشكەرلە-
رينىڭ قارا شهرنى فتح قلشينى توسمىدى .
اوز ايچيدە تەفرقيغا اوچريغان دوشمەنلەر
برمو - بر مغلوبيتكە قراپ يوز توتتى .
اويغور لاشكەرلرى بر هافتە ايچيدە قار
شهرنى بتون اطرافلرى بلەن تەمام دوش
مەندين تازيليدى .

# هەردەرجىلىك تشكيلاتلاردا

شرقى توركستان انقلابچيل ياشلار
تشكيلاتى برنجى نووەتليك ايلى ويلايت-
لىك كونفرينسيەسينىڭ اوتوليشى هەر دەرى
جيليك تشكيلاتلار خدمتينىڭ سورعت بلەن
ترقى قليشيغا ايلپ باردى . شونىڭ بلەن
تشكيلاتيمزغا خەلقيمزنىڭ محبتينى يەنيمو
كوچلەندوردى . بو حقدە تووەنديكيچە
تفصيلى بيانات بيريپ اوتيمز .

## تەشكيلى جهتدين

ايلى ويلايتليك كونفرينسيەدين كيين
ئارباغاتاى ويلايتليك كومتيتى ناحيەليك
كونفرينسيەلر اوتكوزوپ ، ناحيەو راۋن-
لوق كوميتيت وە كالالرينىڭ اشتراكى بلەن
ويلايتلك كونفريسيە اوتكوزوب ، اوتكەن
بر يللق خدمتلرنى مزاكيرە قايپ ، كەل
گوسى خزمتلر وچون نەتيجيلك قرارلار
قبول قلدى .

ايلى ويلايتى بويىچە كونەس ، چل
فەنزە ناحيەليك كومتيتلرى ناحيەليك
كونفرينسيە اوتكوزدى . قالغان ناحيەلك
كومتيتلار ايلى ويلايتليك كونفرينسيە
قرارلرى وە ناحيەليك كومتيت خزمت-
لرى اوستيدە نەتيجيليك قرارلار قبول
قليپ خزمتكە كرشتى .

آلتاى ويلايتليك كومتيتى گەرچە
كيينرەك تەشكيل قلنغان بولسيمو قارميد
غيديكى سارسومبە ، قابا ، بوريشين ،
چەمەنەى ناحيەليك كوميتيتلرينىڭ خزمتلري
نى تولوق يولغا قويدى .

جيڭ ناحيەليك كوميتى شويل غد-

وار آييدين باشلاپ ( آيريم چلا اوروز-
لارنى حيسابقا آلميغاندا ) خزمتكە جدى
كرشتى . شمديلكدە بو ناحيەديكى اعضا
لار نظام نامينى تولوق وە موافيق چو-

شونوب خذمت قليشى ضرور .

منغول كوره ناحيەلىك كومتيتى —
كونفرينسيه دين كيين مارت آيـيغـا
قدر خذمتده نەتيجيليك آلغا باسالميغان
بولسيمو، مارت آيدين باشلاب خـزمت
فعاليتى يوكسولوشكه باشليدى .

جيكيشكه تيگيشليك بولغان تشكيلاتسو-
مول ناحيەليك كومينيت بولوب . تـا
ماى آيىغا قدر خزمت تەشكيلى مستحكم
بولميدى . ئەمدى ماى آيدا كورسو—
تولگەن يول — يوروقلار علمى رەوشده
ايجرا قلنسا ، ئەلبتته بو ناحيەليك كوم
تيتنك خـزميتيمو سورعـت بلەن ئلغا
بيسيش امكانيتى بار .

رايونلوق كومتيتلەر بويچە آلغاز-
دا ، غولجا شهر 1 — 2 رايـونلوق
كومتيتلارنك فارميغيديكى گورژوكلار
تەشكيلى ييـتەرليك دەرىجيده مستحكم
ئەمەسليگى كوريلدى . ( تەكشوروش—
بويچه ) ماى آيدين باشلاب بو احوال-
نى تۈزولوشكه باشلاندى .

غولجا ناحيەليك كومتيتى قارميغيـ
ديكى باشلانغوچ تەشكيلات بويچە آيلق
مسابقه وه نەتيجه چقريش ايشينى يول-
غا سيلش بلەن خزمتى ينه برقدەم ئلغا
سيلجىقا باشليدى .

عموما 47 — يل گرش بەزبار
ليق تەشكيلاتلارنك تەشكيلى مستحكمليننش-
كه باشليدى . ليكين آيلق خزمت دين
داكلاد بيريلميگەن تەشكيلاتلار آرشاڭ ،
سومول ، بورتالا ، جيك نلما ناحيەلىك
كومتيتى وه ماى تاغ رايونلوق كومتيت —
لەردين عبارەت .

تعلم تەربيه جهتدين

47 — يل كريش بلەن « كورەش »
ژورنالى 4 سان 6000 نوسخه بيسيب
تارقيتلدى . ناربغاتاى ويلايتليك كومتيت-
نىڭ انقلابچيل ياشلار گيزيتى يـڭى
يلدين كيين دائره وه مضمون جهتدين
تولوقلونوشقا باشليدى . لەيكن بو گيز-
زيتده علمى ماتيريللار آز اوچرايدو .

كونفرينسيه قراريغا موافيق ناحيه-
ليك كومتيتلەردە شيفو گراف ارقليق
گيزيت نشر قلش اشلرى يولغا سلندى ،
چيلقەنزه ن . ك . ده « ياشلار آوازى »
سويدونگ ن . ك . د ، « كورەشچان يا-
شلار » . توقـقوز تـارا ن . ك . ده
« ياشلا برليگى » ، قزيل كوره ن .
ك . ده ياشلار قديمى » ناملىق گيزيت-
لەر نشر قلنماقدا . بولار آرسيدا توق—
قوز تارا ن . ك گيزتينك صفت وه
مضمون جهتديكى كامچيلق نوقتيلرى —
بولسيمو قلغان اورونلاردا نەتيجيليك ماتر
ييللار بلەن نشر قلنماقدا .

مدەنى آقارتش اشلرى بويچه

بوادرونديكى خدمتده برنجى اورنغا
ناربغاتاى ويلايتليك كومينيتنى ايلش
مەكن . بو كومينتدا هەر ملات ياشلرى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



نىنك علاحيده صنايع نفيسه اومه كلرى تەش-
كىيل قلينب ، اوتكەن واقتدا ويلايـت،
ناحيه كوميتيتلرى بويىچه صنايع نفيسه
اومه كلرى طرفيدين . « يوسف احمد »
، « نوروت تەننەك » ، « بوزيىگت » ،
« طاهير- زوهره » ، « سينى پلانوچيك »
، « خيداى طبيب » ، « احمق » ،
« ئيزبلگەن كريم » ، « ئيرنار غين » ،
« چوروق » ، « زه گگه رقان » ، « چيريك
سياسـت » ، « پارتيزان » ناملىق صحنه
كتابلرى 40 نووەت اوينولوب اوتولگەن-
لىگى فاكتدور .

ايلى ويلايتى بويىچه تشكيلاتيمز تشبسى
وه ويلايتلك معارف ايداريسينك كـوچ
چقرشى بلەن بارلىق تەشكيلاتلارغا 3
نوسخه صحنه كتابى بوللونوب ناحيەليـك
كوميتت وه ناحيليك معارف ايداريلرىنىڭ
هەمكارليغى بلەن ناحييەلەر بويىچه صنايع
نفيسه ايشلرى بولغا قويولدى . ( بواوروش
دا خدمت كورسەتكەن سويدوك چلفه گز ،
بورتالا ، كونەس ، قزيل كوره ، توققوز
تارا ناحيەليك كوميتيتلرىنى كورسونوش
كفايه قليدو . قالغان نليقا ، سومول ،
جيك ، آرشك ناحييەليك كوميتيتلردين
تيخى نەتيجيلك جواب كەلميدى )

ناحيەلەر بويىچه « گلنساو » ، « خيدا
اى طبيب » . « قزجيەك » ، « شوغا
صحنه كتابلرى اوينولوب چقتى . ئون-
دين باشقا كونفرينسيە قاريغا موافيـق
مركزى كوميتت قارميغيدا « ا. ى. ت. م ك
كتاب دوكانى » ايچيليب نورلوك علمى
فننى وەادبى كتابلار سيتلماقـدا

شونك بلەن غولجه شهرى 3-4- 5-را
يون كوميتيتلەر ، نيلقا قزيل كوره
كونەس ، بورتالا . چلفه گزه ، ناحيەليك
كومينيتلرىده قراعت خانيلار تەشكيل
قلينب ، اعضا وه خلقلر فايدالانماقدا .

بدەن تربيه اشلرى خصوصدىمو بار
لق تەشكيلاتلاردا نەتيجيلك مسابقيلەر
كيتيب بارماقدا .

اقتصادى جهتدە

تەشكيلاتيمز ياشلارنى اويوشتوروش،
تەربيه لەش بلەن خلقيمز غيمونەتجيليك
خدمتلر كورسەتكەنلىگى اوچون خەلقيمز
تەشكيلاتيمزنى خبرخاهليق قلماقدا .

جوملىدين سويدوك ناحيه خەلقى سوي-
دوك ن . ك . گه 29 - غينواردا ،
10 70000 دوللار ، مارتدا 500000
دوللار ، جيك ناحيەخلقى جيك ن . ك.
گه 29 غينواردا 1.070.000 دوللار.
آفريلدا 1954.000 دوللار 2 تويياق دونەن
4 تويياق غونان، 10 تاينچا برياميو
41 باش قوى ، 6 باش سەركەش ، مارتـ
دا ، 21 باش قوى 15 باش اوچكه،
قزيل گوره معارف خاديملرى قزيل كو-
ره ن . ك . گه 1.170000 دوللار،
154 تويياق تورلوك جانلق مال ؛ توققوز
تاراخلقى ن . ك گه 500200 دوللار
كونەس ناحيه خلقى ، كونەس ن . ك
گه 200.000 دوللار ، 28 مارتدا معا
رف خادەملرى 694.500 دوللار ؛ بور
تالا خلقى بورتالا ن . ك گه 2.928.000 دوللار
185 تويياق تورلوك مال ، 120 قو-
يناق ، غولجه شهر 4 — رايونلوق كو-
ميتيتكه 97300 دوللار ؛ نلقى ناحيه

ليك كومبتيگه 30000 دوللار يارنەم
قلغان . منا بواحوال تشكيلاتيمزغا خەلقى
مزنك قانچيلبك غەمخورلوق قلغانليغينى
عمليتده كورسوتيدو .

مركزى كومبتيتينك نشريدات ايشينى
قامداش اوچون تشكيلاتلار بويبچه قوزغو
تولغان حركت اوستيده جيك ، آرشاك
توفقوز تارا ، سوەمول ، منغول كوره
ناحيەليك كوميتيتلارى وە تارباغاتاى
وبلايتليك كومبتيتى : غولجه شهريدين
3- رابونلوق كوميتيتلەر خذمت كور
سو تەلميگەنليگينى اسكەرتيب اوتيمز.
اعضالار حقيدە :

47 - يل 6-ماى 13 سانليق مركزى
كومبتيت فريرديئوم اعضالار قرارى بو
بيچه تارباغاتاى ويلايتى بويبچه ويلايت
ناحيه ، رابونلوق كوميتيت ، اعضالاريـ
دين اونكەن پريللق خذمتده تەشكيلات
ميدانيدا فعال خذمت كورسەتكەندوبەك
چالغنبايف ، تل محمد ، عارف نيسبى،
جودەت محمدرحيموف ، اخمدعلى سيدبايف،
تولەوخان تمرعلى ، سلطان روزيبوف ،
فانيخ كەنجيبايف ، عبدالقادير زونون،
منيره عبدلطيپوا ، عبداللەمبرا كبرى ،
معازمرزه فانق ، محى الدين بيك تاش
پيكوف ، بوسون بيك خلسيف ، ماريه
پاولينا ، ايوان سيەمنكوف ، پوپوف -
ئەليكسى ، جونس غلى سيەانغه ، نور
سون تاى محمودى ، انوەر جاكوابين،
قوسميليا عاديلبيكوف ، عبدالراوف ، معاوي
يه جەبينوف ، زين الدين ساليوف ،
تەكەمەن ، عبدالعزيز راحيموف ، باژايك
مير شەنف ، باديجاف ، جەكەن اپاوبايف

بوبىخان روزى آخون تمزى ، پەتەنەت
حسنوا ، مير تمر جەمالى ، رفيق مناسبپوف
لار نظام نامەمزنك 4-مادداﺪﺍ «ب» فونككنى
بويبچه تقديرلينشكه قرار قلندى .

يوقوريدا اسمى ايتلغان اعضالارنىڭ
موندين كين تەشكيلات ميدانيدا يەنيمو
اونوملوك خذمتلەر كورسوتوشى كوتوليـ
دو .

14- سانليق مركزى كومبتيت
فريزديئوم اعضالار قرارى بويبچه تەشكيـ
لات خذمتى اوستيده فاسيقليق كورسـ
تكەن قوربانجان حسنوف ، اعظم خواجه
حيده رخواجەلەر تەشكيلات اعضاليغيدين
چقريلدى . تەشكيلات خذمتى اوستيده
اعضالارنك كورسەتكەن نەتيجەلرى خصو
صيدا يەنەجدى تەكشوروش كيتپ ، با
ريلو . بارليق اعضالارنك ترشچانلردين
اولگه ايليب ، فاسيقلاردين عيبرەت اليب
تەشكيلات خذمتيگە آكتيف قاتنيشيشى
كوتوليدور .

ايك آخيريدا بارليق تەشكيلاتلارغا
شونى جيگيب اونوشكه توغرى كليدو .
1- قلنغان خذمتدين داكلات بريش
2- علاقيلارغا تز جواب قايتوروش 3- خذ
متنى نظام نامه وە كورسەتمه بويبچه
عملى احوالغا موافقلاشتوروب اشلەش
4- خصوصا آساسى قاتلام ( اوگوش
كرژوكلارى )دين باشلاب تشكلينى سا
لام وە مستحكملەش 5- فريزديئوم مجلس
عمومى مجلسلەر خصوصا كووژوك
مجلسلرينى اوز واقتيدين قالدورماى ايچش
6- ستيما لق تەكشوروش و خاطربگه ايلش

تزمغا ايلش خذمتلريني كيچكتورمەسەى واختيدا بيجريب توروش ( اعضالار او سەتيدە ). 7- اعضالارنىڭ اوگونوش اشلر بنى حيسابيغا ايلش . 8- حسابات اشلريـ بنى واختيدا بوللاب توروش . لرى كيرڭ . شونداق قلغاندىلا تشكيلات خذمتى ينه بر قدەم آلغا سورولگوسى .

هر دەرجيليك تشكيلاتلار بوقر يدا كورسوتلگەن اوتوقلارنى ادستورو‌ب كەمچيليك نقطلارنى توگوتوب ، تشكيـ لات خذمتى اوستيدە ييگيدين يڭى مواف ففيتلر قازانشيغا كوچ چقريشلرى اوميد قلنيدو .

ع . ضيام .

ناشرى : شرقى توركستان انقلابچل ياشلار تەشكيلاتى مركزى قومتيتى

ژورنالنىڭ مسئول محريرى : س . سيف اللەيف ، محريرنىڭ اورون باسا- رى : ز . قاديرى . كاطبى م . عثمانى .

آدريس : شهر غولجا مركزى كوچا ، قورا نومرى 49

شرقى توركستان انقلابچل ياشلار تەشكيلاتينىڭ مركزى قوميتيت باسماخانسى

تراژى : 2000

بهاسی : 300 دوللار .

آدمی ارسه‌نك دیمه گیل آدمی ،
آنیکم یوق خلق غمیدین غمی .

نوائی

خلقنی آلدایه‌ن دیگینك ،
اوزه‌گنك آلداغینك .

اولومدین آنچه قوقما ،
اوله‌مه‌ن بولوب یاشاشدین قوق .

میلادی 1947
مای

هجریه ١٣٦٦
جمادالاخر

№5 ( 16 )

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

"گورەش" ژورنالى

1947